# رامىزان توغرىسىدا مۇھىم سوئال جاۋابلار

بِسۡــــــمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ وبه نستعين

## سوئال: روزىنىڭ شەرتلىرى ۋە ئەركانلىرى قايسىلار ؟

جاۋاب: روزىنىڭ شەرتلىرى:

مۇسۇلمان بولۇش، بالاغەتكە يەتكەن بولۇش، ئاقىل بولۇش، روزا تۇتۇشقا قادىر بولۇش.

روزىنىڭ ئەركانلىرى:

نىيەت قىلىش. يېمەك ئىچمەك ۋە روزىنى بۇزىدىغان ھەر قانداق نەرسىدىن ئۆزىنى ساقلاش.

## سوئال: رامىزان روزىسىنى تۇتۇش ئۈچۈن نىيەتنى قاچان قىلىمىز ؟

ج: رامىزان روزىسىنىڭ نىيىتىنى بامداتنىڭ تاڭ يورۇشىدىن بۇرۇن قىلىمىز.

جاء عند مالك والنسائي من حديث ابن عمر ﷺ أنه قال: "لا يصوم إلا من أجمع قصد الصيام قبل الفجر"

ئىبنىي ئۆمەر رەزىيالللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەقەت بامداتتىن بۇرۇن روزىغا نىيەت قىلغان كىشىلەر روزا تۇتقان بولىدۇ. ئەمما، نەپلە روزىنىڭ نىيىتىنى كۈندۈزى قىلساقمۇ بولىدۇ .

روى مسلم في صحيحه أن النبي ﷺ دخل على عائشة ﷺ فسألها هل عندها شيء؟ قالت: لا، فقال ﷺ: "إني إذاً صائم ".

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسىدە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە ئانىمىزنىڭ قېشىغا كىرىپ، يەيدىغان نەرسە بارمۇ يوق دەپ سورىغاندا،

ئائىشە ئانىمىز يوق دەپ جاۋاب بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : ئۇنداقتا مەن روزا تۇتتۇم، دېگەن. سەھىھ مۇسلىم.

س: رامىزان كىرگەن كۈنى بىر قېتىم نىيەت قىلىش يېتەمدۇ ياكى ھەر ئاخشىمى نىيەت قىلىمىزمۇ ؟

ج : توغرىسى رامىزان كىرىش بىلەن بىر قېتىم نىيەت قىلىش يېتىدۇ.

ئەمما، كېسەل، سەپەر، ۋە ئاياللار كېسەلى سەۋەبلىك روزىسى ئۈزۈلۈپ قالغان كىشىلەر بولسا، روزىنى قايتا باشلىغاندا نىيەتنى يېڭىلايدۇ،ھەممىمىزگە مەلۇمكى نىيەتنى ئېغىزدا قىلىش بىدئەت.

س: رامىزان ئاينىڭ كىرگەنلىكىنى قانداق بىلىمىز ؟

ج : رامىزان ئاينىڭ كىرگەنلىكى ئىككى ئىش بىلەن بىلىنىدۇ،

بىرى: رامىزان ئېيىنى كۆرۈش بىلەن،

يەنە بىرى: شەئبان ئېيىنى ئوتتۇزغا توشقۇزۇش بىلەن،

س : كالىنداردا بېكىتىلگەن كۈن بويىچە روزىنى باشلاشنىڭ ھۆكمى نېمە ؟

ج: بۇنداق قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىققانلىق.

عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ذَكَرَ رَمَضَانَ فَقَالَ : " لا تَصُومُوا حَتَّى تَرَوْا الْهِلالَ وَلا تُفْطِرُوا حَتَّى تَرَوْهُ فَإِنْ غُمَّ عَلَيْكُمْ فَاقْدُرُوا لَهُ "
،في روايه اخرى فإن غم عليكم فأكملوا العدة ثلاثين

رواه البخاري (1906) ومسلم (1080 )

ئابدۇللا ئىبنىي ئۆمەر رەزىيالللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىپ ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن: ئاينى كۆرمىگۈچە روزا تۇتماڭلار، ۋە ئاينى كۆرمىگۈچە روزىنى تۈگەتمەڭلار،يەنى ھېيت قىلماڭلار، ئەگەر ھاۋا تۇتۇق بولۇپ ئاينى كۆرەلمىسەڭلار، شەئباننى ئوتتۇزغا توشقۇزۇڭلار. بۇخارى ۋە مۇسلىم.

## س: ئاينى كۆرەلمەي شەك بولۇپ قالغان كۈندە روزا تۇتۇشنىڭ ھۆكمى نېمە ؟

ج: بۇنداق كۈندە روزا تۇتۇش چەكلىنىدۇ.

عمار بن ياسر ﷺ : " من صام اليوم الذي يُشك فيه فقد عصى أبا القاسم صلى الله عليه وسلم " رواه الترمذي (686) والنسائي (2188) وصححه الألباني في صحيح الترمذي

ئاممار ئىبنى ياسىر رەزىيالللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى، شەك بولۇپ قالغان كۈندە روزا تۇتقان كىشى، ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ .

## س: رامىزاندا روزا تۇتماسلىق رۇخسەت قىلىنغان كىشىلەر كىملەر ؟

ج: 1. روزا تۇتالمايدىغان كېسەل.

2 . مۇساپىر.

ۚ فَمَن شَهِدَ مِنكُمُ الشَّهْرَ فَلْيَصُمْهُ ۖ وَمَن كَانَ مَرِيضًا أَوْ عَلَىٰ سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِّنْ أَيَّامٍ أُخَرَ ۗ(بقرة – 185)

سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن ؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن .

3.ھەيزدار ۋە نىفاسدار ئايال

روى البخاري ومسلم من حديث عائشة ﵂ قالت: "كانت إحدانا تحيض على عهد رسول الله ﷺ فنؤمر بقضاء الصوم ولا نؤمر بقضاء الصلاة  ".

ئائىشە ئانىمىزدىن رىۋايەت قىلىنىپ مۇنداق دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بىزنىڭ بىرەرسىمىز ھەيزدار بولۇپ قالاتتۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇ روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشقا بۇيرۇلاتتۇق، ۋە نامازنىڭ قازاسىنى قىلىشقا بۇيرۇلمايتتۇق. بۇخارى ۋە مۇسلىم.

4.ھامىلىدار ۋە بالا ئىمىتكۈچى ئايال.

"أن النبي ﷺ قال : ( إِنَّ اللَّهَ عَزَّ وَجَلَّ وَضَعَ عَنْ الْمُسَافِرِ شَطْرَ الصَّلاةِ وَالصِّيَامَ ، وَعَنْ الْحَامِلِ وَالْمُرْضِعِ ) . وصححه الألباني في صحيح أبي داود  "

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى :ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا مۇساپىردىن نامىزىنىڭ يېرىمىنى ۋە روزىسىنى  يەڭگىللەتتى، ھامىلىدار ۋە بالا ئىمىتكۈچى ئايالدىنمۇ ھەم شۇنداق قىلدى .سەھىھ ھەدىس.

5.ياشانغان قېرىلار .

وَعَلَى الَّذِينَ يُطِيقُونَهُ فِدْيَةٌ طَعَامُ مِسْكِينٍ ۖ فَمَن تَطَوَّعَ خَيْرًا فَهُوَ خَيْرٌ لَّهُ ۚ وَأَن تَصُومُوا خَيْرٌ لَّكُمْ ۖ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ  بقرة - 184

(بۇ پەرز قىلىنغان روزا) ساناقلىق كۈنلەردۇر، سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (روزا تۇتمىغان بولسا)، تۇتمىغان كۈنلەرنى (يەنى قازاسىنى) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن، روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم. كىمكى فىدىيىنى (بەلگىلەنگەن مىقداردىن) ئارتۇق بەرسە، بۇ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر بىلسەڭلار، روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن (تۇتماسلىقتىن ۋە فىدىيە بېرىشتىن) ياخشىدۇر.

س : روزىدار كىشى تاماق ۋە باشقا نەرسىلەرنى تېتىشقا بولامدۇ ؟

ج : بولىدۇ .

عن ابن عباس ﷺ : لا بأس أن يذوق الخل والشيء ما لم يدخل حلقه.رواه ابن أبي شيبة ( 2 / 463 ) والبيهقي ( 4 / 261. ) والأثر : حسَّنه الإمام الألباني في " إرواء الغليل

ابن عباس ﷺ مۇنداق دېگەن. گېلىغا كىرىپلا كەتمىسە ، ئاچچىقسۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرنى تېتىشتا ھېچ گەپ يوق . ئىمام ئالبانى. ھەسەن دېگەن.

س : ئەتىگەنلىك سوھۇرلۇق توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەر بارمۇ ؟

ج : شۇنداق.

زيد بن ثابت ﷺ: "تسحرنا مع رسول الله ﷺ ثم قام إلى الصلاة، فقلت: كم كان بين الأذان والسحور؟ قال: قدر خمسين آية"، رواه البخاري ومسلم،

زيد بن ثابت ﷺ مۇنداق دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە سوھۇرلۇق يېدۇق، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇردى،

ئەزان بىلەن سوھۇرلۇقنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك ئىدى؟ دەپ سورىدىم" يەنى زيد تىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان كىشى "

زيد : 50 ئايەت مىقدارىچىلىك ئىدى، دەپ جاۋاب بەردى ،

بۇخارى ۋە مۇسلىم.

قوله ﷺ:ثلاث من أخلاق النبوة تعجيل الإفطار وتأخير السحور ووضع اليمين على الشمال في الصلاة. رواه الطبراني وصححه الألباني في صحيح الجامع

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئۈچ ئىش بولسا پەيغەمبەرنىڭ ئەخلاقلىرىدىن

1. ئىپتارغا ئالدىراش.

2. سوھۇرلۇقنى كېچىكتۈرۈش.

3. نامازدا ئۇزۇن قولنى سول قولنىڭ ئۈستىگە قويۇش.

سەھىھ ھەدىس.

## س: بەزىلەر ئىپتارنى ئەزاننى ئاڭلاپ قىلىمىز دەپ كۈن ئولتۇرسىمۇ قىلمايدۇ، بۇنىڭ ھۆكمى نىمە ؟

ج: بۇنداق جاھىللىق قىلىش خاتا، ھەدىستىمۇ ئەزاننى ئاڭلاپ ئىپتار قىلىڭ دەپ بۇيرۇق يوق.

لقول النبي . ﷺ : «إذا أقبل الليل من هاهنا . يعني من المشرق . وأدبر النهار من هاهنا . يعني من المغرب . وغربت الشمس فقد أفطر الصائم . صحيح البخاري

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى، ئەگەر كېچە بۇ تەرەپتىن كەلسە، يەنى كۈن چىقىش تەرەپ، ۋە كۈندۈز بۇ تەرەپتىن كېيىننى قىلىپ كەتسە، يەنى كۈن ئولتۇرۇش تەرەپ، ۋە كۈن ئولتۇرسا جەزمەن روزىدار ئىپتار قىلدى. بۇخارى رىۋايىتى.

ئەگەر كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئەزان توۋلانسا، ئىپتار قىلىشقا بولمايدۇ .

ۋە ياكى كۈن ئولتۇرۇپ بولۇپمۇ ئەزان توۋلانمىسا، روزىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ھەم بولمايدۇ ،چۈنكى ئىپتار قىلىش كېرەك. ئەمما ۋاقىتقا رىئايە قىلىپ دەل كۈن ئولتۇرغاندا ئوقۇلىدىغان ئەزان بولسا،بۇ تۈردىكى ئەزان بىلەن ئىپتار قىلىش چەكلەنمەيدۇ .

قوله ﷺ""إن بلالاً يؤذن بليل فكلوا واشربوا حتى يؤذن ابن أم مكتوم" [رواه الإمام البخاري في "صحيحه"

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :ھەقىقەتەن بىلال ، بەك كېچىدە ئەزان توۋلايدۇ، ابن أم مكتوم ئەزان توۋلىغانغا قەدەر يەپ ئىچىڭلار، بۇخارى رىۋايىتى. بۇ ھەدىستىنمۇ ئەزاننىڭ ئىلگىرى كېيىن توۋلىنىپ قالىدىغانلىقى چىقىپ تۇرۇپتۇ،شۇنىڭ ئۈچۈن ئەتىگىنى سوھۇرلۇقتا، ۋە كەچلىكى ئىپتاردا ئەزان ئۆز ۋاقتىدا توۋلانمىسا، ئۇ ئەزانلارنى ئاساس قىلىش توغرا بولمايدۇ.

س :  ئىپتارغا ئالدىرىشىمىز كېرەكمۇ ؟

ج  :  شۇنداق  .

قوله ﷺ: لا يزال الدين ظاهراً ما عجل الناس الفطر لأن اليهود والنصارى يؤخرون. رواه أبو داود وابن حبان وابن خزيمة في صحيحيهما

پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دىگەن:

كىشىلەر ئىپتارغا ئالدىرىغانلا بولسا، دىن ھەمىشە غالىبتۇر. چۈنكى يەھۇدىي ۋە ناسارالار ئىپتارنى كېچىكتۈرۈشىدۇ،  سەھىھ ھەدىس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن. ئۈچ ئىش بولسا پەيغەمبەرنىڭ ئەخلاقلىرىدىن

1. ئىپتارغا ئالدىراش.

2. سوھۇرلۇقنى كېچىكتۈرۈش.

3. نامازدا ئوڭ قولنى سول قولنىڭ ئۈستىگە قويۇش.

سەھىھ ھەدىس.

س: روزىدار نىمە بىلەن ئاغزىنى ئېچىشى سۈننەت ؟

ج: خورما بىلەن ئاغزىنى ئېچىش  سۈننەت  .ئەگەر خورما تاپالمىسا  سۇ بىلەن.

جاء عن سلمان بن عامر ﷺ قال: قال رسول الله ﷺ: "إذا كان أحدكم صائماً فليفطر على التمر، فإن لم يجد التمر فعلى الماء، فإن الماء طهور" رواه الخمسة، وقال الترمذي: حديث حسن صحيح.

سلمان بن عامر ﷺ دىن رىۋايەت قىلىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى. سىلەرنىڭ بىرىڭلار روزىدار بولسا خورما بىلەن ئىپتار قىلسۇن. ئەگەر خورما تاپالمىسا ، سۇ بىلەن ئىپتار قىلسۇن ، چۈنكى سۇ پاكتۇر. سەھىھ ھەدىس.

## س: ئىپتار قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا قايسى ؟

ج :ذَهَبَ الظَّمَأُ، وَابْتَلَّتِ الْعُرُوقُ، وَثَبَتَ الْأَجْرُ إِنْ شَاءَ الله

"چاڭقاش كەتتى، تومۇرلار نەمدەلدى، ۋە ئاللاھ خالىسا، قىيىنچىلىق كېتىپ ساۋاپ ھاسىل بولدى"

عن ابن عمر قال : " كان رسول الله ﷺ إذا أفطر قال : " ذَهَبَ الظمأ وابتلَّت العروق وثبت الأجر إن شاء الله " وهذا ورد في حديث صحيح رواه أبو داود

ابن عمر مۇنداق دېدى: ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىپتار قىلسا مۇنداق دەيتتى " چاڭقاش كەتتى، تومۇرلار نەمدەلدى، ۋە ئاللاھ خالىسا، قىيىنچىلىق كېتىپ ساۋاپ ھاسىل بولدى." سەھىھ ھەدىس.

ۋە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى.

اَللّهُمَّ إِنّي أَسْأَلُكَ بِرَحْمَتِكَ الَّتِي وَسِعَتْ كُلَّ شَيْءٍ ،أن تغفر لي

ئەي پەرۋەردىگارىم، ھەقىقەتەن مەن سىلىنىڭ پۈتۈن نەرسىلەرنى قاپلىغان رەھمەتلىرى بىلەن ماڭا مەغپىرەت بېرىشلىرىنى سورايمەن .

رواه ابن ماجه من دعاء عبد الله بن عمرو بن العاص، وحسنه ابن حجر في تخريج الأذكار.

## س:ئۈنتۈپ قېلىپ بىر نەرسە يەپ قېلىش روزىنى بۇزامدۇ ؟

ج : ياق، روزىنى بۇزمايدۇ .بىراق يادىغا كەلگەندە چوقۇم يېيىشتىن توختاش كېرەك ، داۋاملىق يەۋەرسە روزىسى بۇزۇلىدۇ.

## س : ئوكۇل ئۇرۇش روزىنى بۇزامدۇ ؟

ج : كېسەلگە قارشى ئىشلىتىلگەن ئوكۇل روزىنى بۇزمايدۇ ،

ئوزۇقلۇق ياكى بەدەننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇلغان ئوكۇل روزىنى بۇزىدۇ.

ئاللاھ ئەڭ توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر .

ياخشىلىققا كۆرسەتكۈچى ئۇنى قىلغان بىلەن ئوخشاش،تارقىتىپ ئەجرگە ئېرىشىڭ